# ئىستىقلال ئاۋازى

مارت 2024
ئومۇمىي 44 - سان

## شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان
## شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى

6- بەت



قىرغىزىستانغا قاراپ يولغا چىققان ئاپتوبۇسلاردا بىرمۇ ئۇيغۇر كۆرۈنمىگەن
28- بەت

مالايشىيادا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئۇيغۇر ھەمكارلىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى
32- بەت

ماشىڭرۇي شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى «مۇقەررەر يۈزلىنىش» دەپ بىلجىرلىدى
36- بەت

شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇلاڭ-تالاڭنى كېڭەيتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى
50- بەت

خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى دىققەت قوزغىماقتا
70- بەت

پاكىستاندىكى بومبىلىق ھۇجۇمدا بەش خىتاي ئۆلدى
78- بەت

ISTIQLAL



## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

# ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

## تەھرىر
ي. قۇرۇم

## لايىھەلىگۈچى
سېلىن ۋەتەنداش

## كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

## نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

## نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

## ئادرېس
Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL




28 بەت



6 بەت




54 بەت

64 بەت



20 دۆلەتلەرنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىدە شەرقىي تۈركىستان تونۇشتۇرۇلدى

24 ۋولكېر تۈرك خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىردى

32 مالايشىيادا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئۇيغۇر ھەمكارلىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

36 ماشىگروۋي شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى «مۇقەررەر يۈزلىنىش» دەپ بىلجىرلىدى

40 شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى

46 خىتاي ئەلچىسى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ماراكەش خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى

50 شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇلاڭ-تالاڭنى كېڭەيتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى

58 خىتاي ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش» نامىدا ئاققۇنلارنى كۆپلەپ يەرلەشتۈرمەكتە

62 ئامېرىكا ئارۇناچال ئىشتاتىنىڭ ھىندىستان زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى

70 خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى دىققەت قوزغىماقتا

78 پاكىستاندىكى بومبىلىق ھۇجۇمدا بەش خىتاي ئۆلدى

82 ئۇرۇمچىدە ئورگان تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ 24 مىڭدىن ئاشقانلىقى دىققەت قوزغىدى




# شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى
# چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشغالىيەتچى خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش رەزىل مەقسىتىدە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. بىر تۈركۈم غەرب ئەللىرىنىڭ پارلامېنتلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسى خىتاينىڭ ۋەھشىي باستۇرۇشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداقلا ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئالىي كومىسسارلىقى خىتاينىڭ باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ بېكىتتى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىلغان بىر قىسىم خىتاي ئەمەلدارلىرىغا مەلۇم جەھەتتە جازا يۈرگۈزۈلدى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا



يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبلىك، نۇرغۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرىگە سودا ئېمبارگوسى يۈرگۈزۈلدى. نەتىجىدە خىتاينىڭ ئىقتىسادى زور تەسىرگە ئۇچرىغاندىن باشقا، چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن بېسىمغا دۇچ كەلدى.

ئەمما خىتاي رېجىمى خەلقئارا جەمئىيەتتىن كەلگەن ئەيىبلەش، بېسىملارغا قارشى جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىزچىل ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇردى، زور كۆلەمدە خىراجەت ئاجرىتىپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يالغان تەشۋىقاتلىرىنى كۈچەيتتى. خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان ساياھەت ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، ساياھەت رايونلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى، جازا لاگېرى ۋە تۈرمە مەۋجۇت بولغان رايونلارنى ئايرىدى ۋە يالغان تەشۋىقاتى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان رايون ئەمەس، بەلكى تىنچ، گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى قىلىپ كۆرسەتتى. ساياھەت رايونلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مەدەنىيەت-سەنئەتگە ئائىت ئورۇنلارنى، مۇزېيلارنى تەييارلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداۋاتقاندەك، خەلق

خاترجەم ياشاۋاتقاندەك قىلىپ كۆز بوياشقا ئۇرۇندى. خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا ساختا تەشۋىقاتنى قاتتىق كۈچەيتتى.

بۇلاردىن سىرت، خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتكە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، باستۇرۇش سىياسىتى ئاخىرلاشقاندەك چۈشەنچە بېرىشكە تىرىشتى ۋە ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى شەرقىي تۈركىستاندىن چەت ئەلگە چىقاردى. بۇنى كۆرگەن بىر قىسىم كىشىلەر خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ئالداندى. ھەتتا مۇھاجىرەتتىكى قىسمەن ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ئازراق ياخشىلاندى، دەپ خاتا ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، شەرقىي

**“شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر پىداكار شاھىت شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئاشكارىلىدى.**

تۈركىستاندىن يېڭى چىققان، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر پىداكار شاھىت خەۋەر بۆلۈمىمىزگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنىڭ 2018-يىلىدىكىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى، خەلقنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن



جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماۋاتقانلىقىنى، تۈرمە، لاگېرلاردا ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ئۇچۇرىنى ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.


مەزكۇر شاھىت تەمىنلىگەن شەرقىي




تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى ۋە ختاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىستىقلال خەۋەر توردا قىسمىغا بۆلۈپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلىدۇ.

## «ختاي يېزىمىزدىكى 18 مەسچىتنىڭ 17 سىنى چېقىپ تاشلىدى»


2023-يىلى تۈرلۈك ئاماللارنى قوللىنىپ چەت ئەلگە چىقالىغان، ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان مەزكۇر شاھىت 2017-يىلى جازا لاگېرىغا قامالغان بولۇپ، لاگېر ۋە تۈرمىدە جەمئىي ئۈچ يىل ياتقان. ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 2018-يىلى ختاي رېجىمى ئۆزى تۇرۇشلۇق يېزىدىكى 18 مەسچىتنىڭ 17 نى ئۈچ كۈن ئىچىدە چېقىپ، پەقەت بىر مەسچىتنى قويۇپ قويغان. ئۇ لاگېردىن چىققاندىن



كېيىن بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە شاھىت بولغان.

ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، چېقىلمىغان مەسچىتتە 2017-يىلى يەتتە-سەككىز ياشانغان ئادەم ناماز ئوقۇيدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئىككىلا ئادەم ناماز ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى مېيىت يۇيىدىغان ئادەم، يەنە بىرى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىكەن. نۆۋەتتە بۇ ئىككى كىشى ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازغا كېلىدىغان بولۇپ، بىرەر قېتىم كەلمىگەن تەقدىردە ئەمەلدارلارنىڭ «نېمە ئۈچۈن نامازغا كەلمىدىڭ، نېمە مەقسىتىڭ، پىلانىڭ بار؟» دېگەندەك سوراقلىرىغا دۇچ كېلىدىكەن. ئىككى ئادەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا مەسچىتنىڭ ئىچى-تېشىدا قوراللىق ساقچىلار قاراپ تۇرىدىكەن. بىر مەسچىت ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلار چەت ئەللىك مۇخبىر ياكى ساياھەتچىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغانىكەن.

شاھىتنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي رېجىمى كەنت ئاھالىسىنى يىغىپ، بىرىنچى كۈنى ئۇلارنى ئۆز مەسچىتلىرىنىڭ ئىشىك ۋە دېرىزىلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاشقا مەجبۇرلىغان. ئىككىنچى كۈنى مەسچىتنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ لىم، تورۇس، ۋاسىلىرىنى چۇۋۇپ، بىر يەرگە جۇغلاشقا مەجبۇرلىغان. ئۈچىنچى كۈنى مەسچىتنىڭ تام، گۈمبەز ۋە مۇنارلىرىنى



**بىر مەسچىت ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلار چەت ئەللىك مۇخبىر ياكى ساياھەتچىلەرگە كۆرستىش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان.**

چېقىپ تۈزلەشكە مەجبۇرلىغان. بۇ جەرياندا ئىشقا كەلمىگەن ياكى نارازىلىق بىلدۈرگەن كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغان.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ ئىشغالىيەت سىياستى بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ مەجبۇرىي ئىجرا قىلغانىدى. جۈملىدىن 2018-يىلدىن 2022-يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇشنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى. خىتاي مەزكۇر پىلانغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن، ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتكەن. مەزكۇر شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ يۇقىرىقى مەلۇماتلارنىڭ

> **ئۆيىدىن چەكلەنگەن بۇيۇملاردىن بىرەرسى چىقىپ قالغان كىشىلەر *15-20* يىللىق كېسىلگەن.**

توغرا ئىكەنلىكىنى قايتا ئىسپاتلىدى.

خىتاي رىجىمى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ ئىشغالىيەت سىياسىتى بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ مەجبۇري ئىجرا قىلغانىدى. جۇملىدىن 2018-يىلىدىن 2022-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايلاشچىستۇرۇشنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى. خىتاي مەزكۇر پىلانغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن، ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتكەن. مەزكۇر شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ يۇقىرىقى مەلۇماتلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى قايتا ئىسپاتلىدى.

## «خىتاي ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بارلىق بۇيۇملارنى چەكلىدى»

ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان شاھىت خىتاينىڭ 2016-يىلىدىن باشلاپ ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بارلىق بۇيۇملارنى چەكلىگەنلىكىنى، 2017-يىلى ئۆزىنى باشقا ئون كىشى بىلەن بىرگە قەبرىستانلىقنى كۆزىتىشكە مەجبۇرلىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

شاھىتنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، خىتاي 2016-يىلى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئائىلىسىدىن قۇرئان كەرىم، تۈرلۈك دىنىي كىتاب ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت كىتابلارنى، جايناماز، ئاي، يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن لېگەن، تەخسە قاتارلىق دىنغا ئالاقىدار بارلىق بۇيۇملارنى مەجبۇري يىغىۋالغان. ئارقىدىن خەلقنى كېيىنكى كۈنلەردە يۇقىرىقىدەك بۇيۇملار تەكشۈرۈلۈپ بايقىلىپ قالسا، ھەرقانداق جازاغا رازى بولىدىغانلىقى ھەققىدە قول قويۇشقا مەجبۇرلىغان. خىتاي



ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى تۇيۇقسىز تەكشۈرۈپ، چەكلەنگەن بۇيۇملاردىن بىرەرسى چىقىپ قالغان كىشىلەرنى تۈرمە ياكى جازا لاگېرىغا سولاپ، 20-15 يىللىق كېسىپ، ئېغىر جازالىغان. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۆيىدە ساقلىغان بارلىق قۇرئان كەرىم ۋە دىنىي كىتابلارنى، شۇنداقلا خىتاي چەكلىگەن بۇيۇملارنى كېچىلەردە قەبرىستانلىققا كۆمۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئېغىر جازاسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشقان.

شاھىتنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي ئائىلىسىدە كىتاب ساقلىغان ياكى كىتابلارنى باشقا يەرلەرگە يوشۇرغان كىشىلەرنى تېپىپ جازالاش ئۈچۈن، قەبرىستانغا كۆزەتچى

**ئۆيىدىن چەكلەنگەن بۇيۇملاردىن بىرەرسى چىقىپ قالغان كىشىلەر *15-20* يىللىق كېسىلگەن.**



قويغان. چەكلەنگەن بۇيۇملارنى كېچىدە قەبرىستانلىقتا كۆمگەن كىشىلەرنى تۇتۇپ بەرگەن كۆزەتچىلەرنى مۇكاپاتلىغان ياكى دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن. كېچىدە قەبرىستانغا كىتاب ياكى باشقا نەرسىلەرنى يوشۇرۇش ئۇچۇن سىرتقا چىقىپ بايقىلىپ قالغان كىشىلەرنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرىغا سولاپ ئېغىر جازالىغان.

شاھىتنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم كىشىلەر خىتاينىڭ ئېغىر جازاسىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن، ئۆيىدىكى قۇرئان كەرىم، دىنىي كىتاب، جايناماز ۋە دىنغا ئالاقىدار بۇيۇملارنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىستېمىلىق ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان دىنىي باستۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، قۇرئان كەرىم، دىنىي كىتابلارنى، جاينامازلارنى چەكلىگەندىن باشقا، بارلىق ئىبادەت ۋە دىنغا ئالاقىدار ئىش-

ھەرىكەتلەرنى چەكلىگەن بولۇپ، خەلق ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلانغانلىقى خەۋەر قىلغانىدى. مەزكۇر شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقى خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى، دىپلوماتلىرى جار سېلىۋاتقان «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدىدۇق» دېگەن تەشۋىقاتلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى، خىتاي بۇ خىل ۋاسىتىلەر بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياۋاتقانلىقىنى قايتا ئىسپاتلىدى.

«خىتاي دەپسەندە قىلمىغان ھېچقانداق ئىززەت ۋە غۇرۇرىمىز قالمىدى»

ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان شاھىت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بارلىق ئىززەت-ئابرويى ۋە غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى، خەلقىنىڭ ياشىغۇدەك يېرى قالمىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

قاتتىق ئۆھسىنغان ھالدا سۆزىنى باشلىغان مەزكۇر شاھىتنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى، غۇرۇرىنى قاتتىق دەپسەندە قىلغان بولۇپ، خۇسۇسەن ئائىلىسىدە بويىغا يەتكەن قىزلىرى بار ئائىلىلەر ئېغىر كۈنگە قالغان.

يېزا-كەنتلەرگە ئاتالمىش «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نامىدا كەلگەن خىتايلار ياكى ساقچىلار بويىغا يەتكەن قىزى بار ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرىنى ئالدى بىلەن ھەرخىل باھانە ۋە تۆھمەتلەر بىلەن جازا لاگېرى ياكى تۈرمىگە قامىلىدىغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. ئارقىدىن قىزغا خېرىدار

> **خۇسۇسەن ئائىلىسىدە بويىغا يەتكەن قىزلىرى بار ئائىلىلەر ئېغىر كۈنگە قالغان.**

بولۇشقا باشلاپ، توي قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىغان. ئائىلە ئەزالىرى سەۋەب كۆرسىتىپ رەت قىلغان ۋاقىتلاردا، ئەگەر قىزنى بەرسە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىشقا ياردەم قىلىش شەرتىنى قويىغان. شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئون نەچچە يىل كېسىۋېتىلگەنلىكى رېئال بىر ئەھۋال بولغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر ئېغىر تاللاشقا دۇچ كەلگەن. شاھىتنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاينىڭ ھەرخىل رەزىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مەجبۇرلىشى سەۋەبىدىن،

نۇرغۇن ئائىلىلەر قىزلىرىنى خىتايغا بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

شاھىت يەنە بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن: «خانىم-قىزلىرىمىز بىزنىڭ غۇرۇرىمىز ئىدى. ئۇلار بىزدەك ئەرلەرنىڭ قوغدىشىغا موھتاج ئىدى. ئەمما خىتاي خانىم-قىزلىرىمىزنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن خورلىماقتا، ئۇلارنى ۋاستە تاللىماي يولدىن چىقارماقتا» دەپ قاتتىق ئۇھسىندى.



ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئەرلىرى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىگە قامالغان ئاياللار ئېغىر كۆڭلەرگە قالغان بولۇپ، ئائىلىنىڭ ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغاندىن باشقا، يولدىشىغا نەرسە -كېرەك يەتكۈزۈپ بېرىش داۋامىدا تۈرمە ياكى لاگېر ساقچىلىرى تەرىپىدىن خالىغاندا چاقىرىلىپ خورلانغان. ئۇلار ئائىلىدە ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇپ، ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇلاردىن سىرت، خىتاي رېجىمى كەتتىكى مەجبۇرىي ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاياللار ۋە ياشانغانلارغا مەجبۇرىي قىلدۇرغان. ئۇلار كۈندۈزى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنسا، كېچىلىرى كەنتلەردە ئىش قىلىشقا مەجبۇرلانغان. چاقىرىلغان



**ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 31-يانۋار ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تۇرغۇزۇپ چىققان چەكلەش تىزىملىكىگە ئۇندىن ئارتۇق خىتاي شىركىتىنى قوشقان**

ھامان كەنت ئىشخانىسى ياكى مەھەللە كومىتېتقا ۋاقتىدا كەلمىگەنلەر ياكى ھەرقانداق بىرەر سەۋەب بىلەن كەلمىگەنلەر «ئىدىيەسىدە مەسىلىسى بارلار» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئېغىر جەرىمانە قويۇلغان ياكى لاگېرغا قامالغان.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى ئەڭ ئېغىر ئەھۋالدا قالغان. خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى نامەلۇم دورىلارنى ئىچىشكە مەجبۇرلاپ تۇغماس قىلغاندىن باشقا، خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا

> **پەقەت بىر يىل ئىچىدىلا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن كەمىدە 45 مىڭ كۆپەيگەن.**

مەجبۇرلىغان بولۇپ، رەت قىلغان ئائىلە ئازارلىرىنى تۈرمە ياكى جازا لاگېرىغا قامىغان. شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقى خىتاينىڭ بۇ خىل جىنايىتىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى ۋە تەسەۋۋۇردىكىدىن تېخىمۇ ئېغىر، ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

## «ئۇيغۇرلار خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇشقا مەجبۇرلانماقتا»

مەزكۇر شاھىت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش»، «دىنىي ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش»، «مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يوقىتىش» قاتارلىق ناملاردا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇشلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ھەرخىل باھانىلەر بىلەن تۈرمە ۋە جازا لاگېرىغا سولاپ قىرغىن قىلىشىدىن قورقۇپ كەتكەن خەلقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش، ھەمدە ئازراق بولسىمۇ ئاۋارىچىلىكلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيەسىگە بەس-بەستە ئەزا بولۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

شاھىتنىڭ ئېيتىشىچە، گەرچە خىتاي شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئۈچۈن ساناقلىق كىشىلەرنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىغا مەقسەتلىك رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئىزچىل داۋام قىلماقتىكەن. ئايىغى چىقماس باستۇرۇشلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ساراسىمىگە سالغان بولۇپ، ئەتراپىدا پەقەتلا خىتايغا ئىشلەۋاتقان يالاقچىلارنىڭ ۋاقىتلىق خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، لاگېر ۋە تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئىززەت-ھۆرمىتى، غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا قارىماي، جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن بەس-بەستە خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان. بۇ خىل پىسخىك ھالەتنى بايقىغان خىتاي شەرقىي تۈركىستان

خەلقىگە قاراتقان بېسىم ۋە باستۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

خىتاي خەلق تورىنىڭ 2017-يىلدىكى بىر خەۋىرىدە، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇشنى ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ سانىنىڭ بارغانچە ئاشقانلىقى، ھەر 15 ئادەمنىڭ بىرى كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، گەرچە خەۋەردە ئۇيغۇر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى رايوندىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ قانچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايدىن باشقا مىللەتتىن بولغان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 600 مىڭغا يېقىنلاشقانلىقى، بۇنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 38% تىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئەينى يىلى پەقەت بىر يىل ئىچىدىلا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاز كەم 45 مىڭ كىشى كۆپەيگەنلىكى ئېلان قىلىنغانىدى.

شاھىتنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئارىدىن ئۆتكەن يەتتە يىل مابەينىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىش، يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە ھېلىھەم داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە تۈرلۈك قاتتىق بېسىم ۋە باستۇرۇشلاردىن كىچىككىنە بولسىمۇ قۇتۇلۇشنى ئويلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى باستۇرۇۋاتقان خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇشقا مەجبۇرلىنىشتىن ئىبارەت خورلۇققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە سانىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ بولسا ئۇيغۇر كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئۆلگەندە جەسىتىنى كۆيدۈرۈش ھەققىدە تىلخەت ئالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

# دۆلەتلەرنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىدە شەرقىي تۈركىستان تونۇشتۇرۇلدى



بابىئالەم خەلقئارا ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى 2-مارت ئىستانبۇلدىكى رامى كۈتۈپخانىسىدا ئۆتكۈزگەن «دۆلەتلەرنى تونۇشتۇرۇش كۈنلىرى» پائالىيىتىدە شەرقىي تۈركىستان ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى.

پائالىيەتنىڭ بېشىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى نېمىلەرنى قىلالايمىز، ياشلار نېمە قىلالايدۇ؟» دېگەن نۇقتىلار بويىچە سۆز قىلدى. ئۇ ختاينىڭ شەرقىي

**“**

**مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى، نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقى تىلغا ئېلىندى.**






**كۆرگەزمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل مەدەنىيتى نامايان قىلىندى.**

تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى ئىجرا قىلىنۋاتقانلىقى، بۇ خىل ۋەزىيەتتە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى، نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇنمۇ سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخىنى، خىتاينىڭ ئىشغالىيەتتىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان باستۇرۇشلىرىنى




تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

يېتىم ۋەقفى رەئىسى مۇرات يىلماز سۆز قىلغاندىن باشقا، پائالىيەتتە يەنە ئىنسانىيەت فىلىم گۇرۇپپىسى تۇلئاي گۆكچىمەن خانىمنىڭ رېژىسسورلۇقىدا ئىشلىگەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەت تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەتلىك فىلىم «ئىسمى ئىرقىي قىرغىنچىلىق»مۇ ئىشتىراكچىلارغا كۆرسىتىلدى.

كۈتۈپخانا زالىدا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ئالاقىدار سۈرەتلەر كۆرگەزمە قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلدى. ئۇندىن باشقا كۆرگەزمىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ئالاقىدار سۈرەتلەر تىزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل مەدەنىيىتى نامايان قىلىندى.



# ۋولكېر تۈرك خىتايىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىردى





ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈرك 4-مارت جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە تۈپ ئىنسانىي ھوقۇقلارغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە خىتاينى يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىشكە چاقىردى.

ياپونىيە ۋاقىت گېزىتىنىڭ 5-مارتتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ۋولكېر تۈرك جەنۋەدە قىلغان سۆزىدە خىتاينى ئۆز ئىشخانىسى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق



ئورگانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈپ ئىنسانىي ھوقۇقلارغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى يولغا قويۇشقا چاقىرغان.

خىتايغا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە كۆچلۈك سۆز قىلمىدى، دەپ تەنقىد قىلىنىپ كېلىۋاتقان ۋولكېر تۈرك يەنە خىتايدىن «تالاش-تارتىش قىلىش ۋە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇش» قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئادۋوكاتلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ

قىلغان. ۋولكېر تۈرك ئىلگىرى سابىق ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ 2022-يىلى 31-ئاۋغۇست ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئېلان قىلغان شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتىنىڭ يەنىلا كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندى. باچېلېتنىڭ دوكلاتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنىڭ «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرۈش مۇمكىنلىكى» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، قىيىن-قىستاق، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ۋە جىنسىي زوراۋانلىق، شۇنداقلا مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتى تەپسىلىي بارلىقى بايان قىلىنغانىدى.

ۋولكېر تۈرك سۆزىدە يەنە ئۇنىڭ ئىشخانىسى خىتاي بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش سىياسىتى، جىنسىي باراۋەرلىك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغداش، يۇقىرىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بۇ دىيالوگنىڭ كونكرېت نەتىجىگە ئېرىشىشى ناھايىتى مۇھىم» دېگەن.

ئۇ خىتاينىڭ تەرەققىيات ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئىلگىرىلەشلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما خىتاينىڭ ئالاقىدار قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ۋولكېر تۈركنىڭ سۆزىگە قارىتا، خىتاينىڭ باش ئەلچىسى چېن شۈ بارلىق ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ: «بىز بارلىق دۆلەتلەر بىلەن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە دىيالوگ ئۆتكۈزۈشنى خالايمىز، ئەمما دۆلىتىمىزگە، ھەر قانداق بىر دۆلەتكە قارىتىلغان ئاساسسىز ئەيىبلەشكە قارشى تۇرىمىز» دەپ جار سالغان.

> **ب د ت نىڭ دوكلاتىدا خىتاينىڭ «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى» ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.**

# قىرغىزىستانغا قاراپ يولغا چىققان ئاپتوبۇسلاردا بىرمۇ ئۇيغۇر كۆرۈنمىگەن



خىتاي رېجىمى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان چېگراسىنى قوشنا دۆلەتلەرگە ئېچىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان بولۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى ئىزچىل داۋام قىلماقتا.

ئالدىنقى كۈنلەردە خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇش شەھىرى بىلەن قىرغىزىستان ئارىسىدا ئاممىۋى قاتناشنى يولغا قويغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ھەر ھەپتىدە ئىككى ئاپتوبۇس ئاتۇشتىن قىرغىزىستانغا قاتنايدىغان بولۇپ، 6-مارت ئىككى ئاپتوبۇس يولۇچىلارنى

**سىن كۆرۈنۈشلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى رېئال ۋەزىيەتنى پاش قىلدى.**



**“ خىتاي چېگرانى ئېچىۋەتكەنلىكىدەك يالغان تەشۋىقاتى ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى.**

ئېلىپ قىرغىزىستاننىڭ بىشكەككە قاراپ يولغا چىققان. سىن كۆرۈنۈشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپتوبۇسقا چىققان يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار ياكى قىرغىزلار بولۇپ، بىرمۇ ئۇيغۇر يوق ئىكەن.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، غۇلجىدىن قازاقىستانغا يولغا چىققان ئاپتوبۇستىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلار يوق بولۇپ، خىتاي ھەممە كىشىگە چېگرانى ئېچىۋەتكەنلىكىدەك يالغان تەشۋىقاتى ئارقىلىق، دۇنيا كۆنتەرتىپىدە تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشنى پىلانلىغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى نۇقتىلىق تۈردە ئۇيغۇرلارنى قاتتىق



باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىجرا قىلغان سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى




باستۇرغانىدى ۋە خەلقئارانىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە، بېسىمغا ۋە بىر قىسىم جازالارغا ئۇچرىغانىدى.

ئىگىلىنىشىچە، خىتاي بۇ قېتىم قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان چەكلىمە ۋە تەقىبلەرنى مەلۇم دەرىجىدە بوشىتىش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنغان. ئەمما ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا.

# مالايشىيادا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئۇيغۇر ھەمكارلىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، تەشكىلاتلار بىرلىكى تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد مەجىد تۈركىستانىي، باش كاتىپ ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى جەنۇبىي ئاسىيادا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى قىلىۋاتقان بولۇپ، ٨-مارت «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئۇيغۇر ھەمكارلىق مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىن كۇئالالۇمپۇردا ئېچىلغان بولۇپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشەببۇسى

ۋە مالايشىيادىكى زور تەسىر كۈچكە ئىگە تەشكىلاتلاردىن مالايشىيا ئىسلام تەشكىلاتى مەسلىھەت كېڭىشى، مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى، ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى، «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مالايشىيالىقلار» ھەرىكىتى قاتارلىق كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا مالايشىيانىڭ سىياسىيونلىرى، ئاكادېمىكلىرى ۋە ئەقىل ئامبارلىرى ۋەكىللىرىدىن باشقا، ھىندىستان، فىلىپپىن، سىنگاپور، برۇنېي، بېنگال ۋە تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كەلگەن تەشكىلاتلارنىڭ

**ئۈچ يىللىق كونكرېت پىلانلار، ئىستراتېگىيەلەر ۋە ئالاقىدار خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.**






**بۇ قېتىملىق زىيارەتتە كۆپلىگەن ئۇنۇملۇك ئۇچرىشىش ۋە پائالىيەتلەر روياپقا چىقتى.**

ۋەكىللىرى قاتناشقان. يىغىندا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى سىستېمىلىق مېخانىزىم رامكىسىدا كۆزىتىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 2024-يىلدىن 2027-يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق كونكرېت پىلانلار، ئىستراتېگىيەلەر ۋە ئالاقدار خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

بۇ قېتىملىق زىيارەتتە ئۇنۇملۇك ئۇچرىشىش ۋە پائالىيەتلەر روياپقا چىققان بولۇپ، ھەيئەت 28-فېۋرال مالايشىيا ئالىي مائارىپ مىنىسترلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىسترى مۇستاپا ساكمۇد ۋە كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى ھاسبىيە مودانى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا مالايشىيا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى مالايشىيادا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

ھەيئەت 28-فېۋرال يەنە مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى كىشىلىك



ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى داتو ئەھمەد ئەززام، مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى فەھرى شەمسۇددىن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى.

1-مارت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى، مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى (ABİM)، راجا تۇن ئۇدا كۇتۇپخانىسى، ئابىم نەشرىياتى، سېلانگور دۆلەت كۇتۇپخانىسى قاتارلىق تەشكىلات ۋە ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىقى بىلەن، سېلانگور دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى تەييارلىغان «چېگرا ھالقىغان ئاياللار قېرىنداشلىقى: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللار ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش» سەرلەۋھەلىك دوكلاتىنىڭ مالايچە نۇسخىسى تونۇشتۇرۇلدى.

ھەيئەت 7-مارت يەنە مالايشىيا پارلامېنتىدىكى ھەرقايسى سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى زىيارەت قىلىپ، مالايشىيا خەلق ئادالەت پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى سىيەد ئىبراھىم سىيەد نوھ، ئاماناھ نېگارا پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە پارلامېنت ئەزاسى داتۇك سەرى دوكتور مۇجاھىد بىن يۇسۇف، مىللىي ئامانەت پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى تۇئان ھاجى ئازلى بىن يۇسۇف ۋە مالايشىيا ئىسلام پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ئەھمەت تارمىزى سۇلايمان قاتارلىق مۇھىم شەخسلەر بىلەن كۆرۈشتى.

# ماشىڭرۇي شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى «مۇقەررەر يۈزلىنىش» دەپ بىلجىرلىدى




خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، جۈملىدىن ئىبغىر دىنىي باستۇرۇش سىياستى مەسىلىسىدە خەلقئارانىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىۋاتقان بىر پەيتتە، 7-مارت ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنىڭ «مۇقەررەر يۈزلىنىش» ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالدى.

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي 7-مارت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خىتاي سىياسىي




مەسلىھەت يىغىنىدا مۇخبىرلارنىڭ ئالاقىدار سوئالىغا جاۋاب بەرگەن. ئۇ جاۋابىدا: «شىنجاڭدا ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش مۇقەررەر يۈزلىنىش» دەپ بىلجىرلىغان. ئۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان بۇ جاۋابى خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىنمۇ ئالاھىدە خەۋەر قىلىندى.

خىتاي يىللاردىن بېرى ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچكە زەربە بېرىش» دېگەن باھانىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان

**شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى ياكى بۇزۇۋېتىلدى.**







خەلقنى باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ماشگرۇي بۇ قېتىم سۆزىدە يەنە: «شىنجاڭدىكى ئۈچ خىل رەزىل كۈچ يەنىلا ئىنتايىن ئاكتىپ ھالەتتە تۇرماقتا، ئەمما ئۇلار شىنجاڭنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى توسۇپ قالالمايدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي رېجىمى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار بارلىق ئىبادەت ھەمدە پائالىيەتلەرنى قاتتىق چەكلەپ، نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنى قاتتىق جازالىغان. خىتاينىڭ ئىشغالىيەت سىياستى بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك



ئاتالمىش يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ مەجبۇرىي ئىجرا قىلغاندى. جۈملىدىن 2018-يىلدىن 2022-يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى




خىتايچىلاشتۇرۇشنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلغان. خىتاي مەزكۇر پىلانىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن، ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن.

خىتاي يەنە بۇلتۇر 8-ئايدا مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، قۇرئاننى قايتىدىن تەرجىمە قىلىش، قۇرئاننى كوڭزى ئىدىيەسى بىلەن شەرھلەپ، سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق رەزىل پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى






8-مارت خەلقئارا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، ختاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش مۇھاكىمە يىغىنى ئىستانبۇلدا ۋە ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ رايونىغا جايلاشقان نىلىشاھ سۇلتان كۈلتۈر مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇھاكىمە يىغىنىنى شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن

**مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش، خورلاش**

**«خىتاينىڭ قىلمىشلىرى خەلقئارا قانۇن نۇقتىسىدىن جىنايەت ھېسابلىنىدۇ»**

بولۇپ، ئالدى بىلەن نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ يىغىننىڭ ئاساسى مەقسىتىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارنىڭ خىتاينىڭ قاتتىق باستۇرۇشى ئاستىدا قانداق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

ئارقىدىن مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر، تۇلاي گۆكچىمەن، مۇزەييەن تاشچى، ئامىنە تۇنا ئەرتۈرك، شەمشىقەمەر ئارتىش خانىملار سەھنىگە چىقىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا توختالدى.

سۆز قىلغۇچىلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، خىتاينىڭ ئۇلارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، تۈرمە ۋە لاگېرلارغا سولاش،



قىيىن-قىستاققا ئېلىش، خورلاش جىنايەتلىرىنى تۈرلۈك نۇقتىلار بويىچە تونۇشتۇردى.

خەلقئارا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن 9-مارت يەنە ئەنقەرە مىللىي كۇتۇپخانىسىدا «شەرقىي تۈركىستاندا ئايال بولۇش» ناملىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقفى، ULUĞ خەلقئارا ياش ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ۋە يېتەكچىلەر تورى ھەمدە ئۇماي ئانا تۈرك دۇنياسىنىڭ ھەمكارلىقىدا تەشكىللەنگەن.

مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقفى رەئىسى دوكتور مەغپىرەت كامال يۇنۇسئوغلى خانىم لېكسىيە سۆزلەپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ئاياللار ۋە






بالىلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بەرگەندىن باشقا، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى رەئىسى روشەن ئابباس خانىم تور ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتايغا قارشى كۈرەشلىرىنى چۈشەندۈردى.

ئارقىدىن دوكتور رابىگۈل ھاجىمۇھەممەد خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار تارتقان قىيىنچىلىق ۋە

ختاينىڭ قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارا قانۇن نۇقتىسىدىن جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، خەلقئارانىڭ بۇنىڭغا يېتەرلىك ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.




ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن تونۇشتۇردى.

ئاخىردا ئوتتۇرا شەرق تېخنىكا ئۇنىۋېرستېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى دوتسېنتى ئىشىق قۇشچۇ خانىم ختاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يولغا قويغان سىياسەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ،

# خىتاي ئەلچىسى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ماراكەش خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى







ماراكەشتە تۇرۇشلۇق ختاي باش ئەلچىسى شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ماراكەش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، يالغان بايانلىرى ئارقىلىق ماراكەش خەلقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى.

ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئورگان تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 11-مارت ماراكەشتە تۇرۇشلۇق ختاي باش ئەلچىسى لى چاڭلىن ماراكەش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلغان.

لى چاۋلىن خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلىنغان جازا لاگېرى، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى مۇخبىرنىڭ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ: «شىنجاڭدا مىللەت، دىن ياكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى يوق، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى بار» دەپ بىلجىرلىغان. ئۇ يەنە خىتاي رېجىمى يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن يالغان سۆزلىرىنى تەكرارلاپ: «شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە رادىكاللىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئىشلىنىۋاتىدۇ، بۇ خىزمەت ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ جەمئىيىتى داۋاملىق مۇقىم تەرەققىي قىلماقتا» دەپ بىلجىرلىغان.

گەرچە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، تېررور سىياسىتىنى ئىزچىل توختاتمىغان بولسىمۇ، بىراق يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچكە قاتتىق زەربە بېرىش» نامىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى قايتىدىن كۈچەيتتى. بۇ جەرياندا زور كۆلەمدە جازا لاگېرى تەسىس قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى نەچچە مىليوندىن ئاشتى. بۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا قاتارلىق سەككىز دۆلەتنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ئاپپاراتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيانە جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ بېكىتتى. گەرچە كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلار، شاھىتلار، ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر

# “

***ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئىدرىس ھەسەن ھازىرغا قەدەر ماراكەشتە تۇتۇپ تۇرۇلماقتا.***

خىتاي رېجىمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىنغان بولسىمۇ، خىتاي ھازىرغا قەدەر بارلىق دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىنكار قىلىپ، جىنايەتلىرىدىن تانماقتا.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇلاڭ-
# تالاڭنى كېڭەيتىش كېلىشىمى
# ئىمزالاندى



شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقنى تېخىمۇ زور كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمى، خۇەيروۋ تەجرىبىخانىسى ۋە خىتاي نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھى ئۈچ تەرەپلىك كېلىشىم ئىمزالىغان.

خەلق تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 11-مارت خۇەيروۋ تەجرىبىخانىسى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت» ۋە خىتاي نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بېيجىڭدا خۇەيروۋ تەجرىبىخانىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئورتاق بازا قۇرۇش رامكا كېلىشىمى ئىمزالىغان.

**شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن «ئورتاق بەھرىلىنىش، تەڭ نەپ ئېلىش» دەۋا قىلىندى.**



**بايلىقلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامراتلىق ئىچىدە ياشىماقتا.**

كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمىغا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي، قورچاق رەئىس ئەركىن تۇنىياز، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، دۆلەت ئىشلىرى ئىچىدىنىڭ سىياسىي كومىسسارى لى يىفېي، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يۇ يىڭجېي، خۇەيرۇڭ تەجرىبىخانىسىنىڭ مۇدىرى تاڭ گۇاڭفۇ،



ختاي نېفت-تەبىئىي گاز گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى دەي خوۋلياڭ، باش دىرېكتورى خوۋ چىجۇن قاتارلىقلار قاتناشقان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خەۋىروۋ تەجرىبىخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بازىسىنىڭ يوپۇقى 2023-يىل 7-ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بولۇپ، بۇ بازىنىڭ ئۈچ تەرەپ ئارىسىدىكى «ئورتاق بەھرىلىنىش، تەڭ نەپ ئېلىش»، خادىم يېتىشتۈرۈش، تەكشۈرۈش، قېزىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇرىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

كۆزەتكۈچىلەر ختاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى پەقەتلا ختاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، ھەققىي ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، ختاي خەۋەرلىرىدە ھەر يىلى ئېلان قىلىنىۋاتقان ئاتالمىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلغانلار ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكى، بۇنچە كۆپ تەبىئىي بايلىققا ئىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھېلىھەم نامراتلىق ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم قىلىنغانلىقى، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق زور كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# ختاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىدىكى يادرولۇق رايوندا قوراللىق هۇجۇم يۈز بەردى



ختاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىدىكى مۇهىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى بولغان گىۋادار شەهىرىنىڭ هۆكۈمەت بىناسى قوراللىق هۇجۇمغا ئۇچرىغان بولۇپ، هۇجۇمدا ئالتە كىشى ئۆلگەن.

پاكىستان دائىرىلىرى 20-مارت بىر تۈركۈم ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان «تېررورچىلار»نىڭ پاكىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پورت شەهىرى گىۋادارنىڭ هۆكۈمەت بىناسىغا هۇجۇم قىلغانلىقىنى، هۇجۇمدا كۆپىنچىسى بىخەتەرلىك خادىمى بولغان ئالتە كىشىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ هەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك




بىخەتەرلىك ئەمەلدارى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى دەلىللىگەن. مەزكۇر ئەمەلدارنىڭ ئامېرىكا ئاۋازىغا ئېيتىشىچە، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن پاكىستان قىسىملىرى كەسكىن قوراللىق ئېتىشىشتا، ھۇجۇم قىلغۇچى سەككىز كىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن.

پاكىستان ئارمىيەسى كېيىن ئېلان قىلغان رەسمىي باياناتىدا ئىككى ئەسكەرنىڭ قوراللىق ھۇجۇمدا قازا قىلغانلىقىنى، ئۆلتۈرۈلگەن ھۇجۇمچىلارنىڭ يېنىدىن نۇرغۇن قورال، ئوق-دورا ۋە پارتلاتقۇچ دورا قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

**“ خىتاي گىۋادار پورتىنىڭ 40 يىللىق ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالغان.**



**گىۋادار پورتى خىتاي- پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىدىكى يادرولۇق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.**

پاكىستان بىخەتەرلىك خادىمى ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسىغا: «ھۇجۇم ماشىنا بومبا بىلەن باشلاندى، ئەمما ماشىنا بومبا پارتلىمىدى. ئارقىدىن قوراللىق ئۇنسۇرلار بىناغا قول بومبىسى، راكېتامىيوت ۋە ئاپتومات قاتارلىق قوراللار بىلەن بىناغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما قايتۇرما ھۇجۇمدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن.

ۋەقەدىن كېيىن بەلۇجىستان ئازادلىق ئارمىيەسى بايانات ئېلان قىلىپ، شۇ جاي ۋاقتى چۈشتىن كېيىن گىۋادار شەھەرلىك پورت ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بىناسىغا قىلىنغان ھۇجۇمغا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ تەشكىلات مۇخبىرغا بەرگەن يازما باياناتىدا ھۇجۇمنىڭ ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ئەترىتى بولغان «مەجىد بىرىگادىسى» ئەزالىرى تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىنى قەيت قىلغان، ئەمما تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىمىغان.





پاكىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بەلۇجىستان ئۆلكىسىدىكى گىۋادار پورتى چوڭقۇر دېڭىز پورتى بولۇپ، مۇھىم نېفىت توشۇش لىنىيەسى بولغان ھورمۇز بوغۇزىغا يېقىن ئىكەن. خىتاي مەزكۇر پورتنىڭ 40 يىللىق ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالغان بولۇپ، نەچچە مىليارد دوللار قىممىتىدىكى خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ يادروسى بولغان گىۋادار پورتىنى قۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا زور مەبلەغ ئاجراتقان.

بۇلتۇر ئاۋغۇست ئېيىدا گىۋادار پورتىدا خىتاي ئىنژېنېرلىرىغا قارىتىلغان ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ھۇجۇمى يۈز بەرگەن بولۇپ، ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئوخشاشلا بەلۇجىستان قوراللىق قىسىملىرى ئىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا كەم دېگەندە توققۇز پاكىستان ساقچىسى ۋە تۆت خىتاينىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، خىتاي رېجىمى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى رەت قىلغانىدى.

# خىتاي ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش» نامىدا ئاققۇنلارنى كۆپلەپ يەرلەشتۈرمەكتە




خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش» نامىدا شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۈرۈش سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيتمەكتە.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 20-مارتتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەخسۇس خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلگەن. مەزكۇر ئۆمەكلەر ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى خىتايلارنى «ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلىش» نامىدا شەرقىي تۈركىستانغا




يەرلىشىشكە تەشۋىق قىلغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتى 77 ئىش ئورنى ئاجرىتىپ، خىتاي ئالىي مەكتەپلىرىدىن ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلار»نى ئاقسۇغا كۆچۈرۈپ كەلگەن. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىنلا توردا تىزىملاتقان پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ماگىستىر ئاسپىرانتلار 600 دىن ئاشقان. ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئاسى بارلار يېقىندا ئاقسۇغا كېلىپ سىناق ئىش ئورنىغا چىقىدىكەن. ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇلتۇر 1000 ماگىستىر، دوكتور كىرگۈزۈش پىلانى بويىچە، ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا

**خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللىگەن.**




**قۇمۇل شەھىرى 2023-يىلى 500 مىليون يۈەن ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلار» تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلغان.**

ئىگە ختايلاردىن 204 نى ئاقسۇغا كۆچۈرۈپ كەلگەن.

خەۋەردە يەنە قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ختاي مەكتەپلىرىدىن خىزمەتچى كۆچۈرۈپ كېلىش خىزمىتىنىڭ 11-مارت باشلانغانلىقى، مەخسۇس تەشكىللەنگەن خىزمەتچى كۆچۈرۈپ كېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ختاينىڭ شەندۇڭ، خېنەن، شەنشى، سىچۈەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى 33 نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە بېرىپ نەق مەيداندا خىزمەتچى تەكلىپ قىلغانلىقى، بۇ قېتىم جەمئىي 43 كارخانا، كەسىپي ئورۇندىكى 93 ئىش ئورنىغا 202 ئاتالمىش «ئىختىساسلىق خادىم»نى كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

قۇمۇل شەھىرى 2023-يىلى ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش لايىھەسى»نى تۈزۈپ يولغا قويغان بولۇپ، 500 مىليون يۈەن ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلار» تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلغان. بۇ مەبلەغ ئارقىلىق ئون



تۈرلۈك «نۇقتىلىق ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، قۇمۇلغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۈرگەن.

خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئوبلاستلارنىڭ ھەرخىل ناملاردا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلغان.

يېقىنقى يىللاردا خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئالدى بىلەن يېزا-كەنتلەردىكى دېھقانلارنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا بېرىشكە مەجبۇرلىغان. ئاندىن يەرلىرىدىن ئايرىلغان دېھقانلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى «ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىشقا شارائىت ھازىرلىغان. ئارقىدىن ھەر خىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۈرگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، سۈرگۈن قىلىش، قىرغىن قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىش، پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئالاھىدە يۇقىرى تەمىناتلار، تۈرلۈك ناملار بىلەن خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە داۋاملىق كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# ئامېرىكا ئارۇناچال ئىشتاتىنىڭ
# ھىندىستان زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى

ئامېرىكا ئارۇناچال ئىشتاتىنى ھىندىستاننىڭ زېمىنى، دەپ ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، خىتاي بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 20-مارت ئارۇناچال ئىشتاتىنى ھىندىستاننىڭ بىر قىسمى، دەپ ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ھىندىستان بىلەن خىتاي چېگرالىنىدىغان مەزكۇر تېررىتورىيەدە بىر تەرەپلىمە زېمىن داۋاسى قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. خىتاي بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ ئارۇناچالنى ھىندىستان زېمىنى دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار



> **ئامېرىكىنىڭ قارارى بىلەن چېگرا تالاش-تارتىشى قايتا كۈچىيىشكە باشلىدى.**

مىنىسترلىقى باياناتچىسى ۋېدانت پاتېل 20-مارت ئامېرىكىنىڭ ئارۇناچال ئىشتاتىنى ھىندىستان زېمىنى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئېيتقان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تالاش-تارتىش قايتا كۈچىيىشكە باشلىغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىسترلىقىنىڭ باياناتچىسى لىن جيەن قەرەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا خىتاي بىلەن ھىندىستاننىڭ چېگراسىنىڭ ئەزەلدىن بېكىتىلمىگەنلىكىنى، ئارۇناچالنىڭ (خىتاي «جەنۇبىي تىبەت» دەپ ئاتايدۇ) ئەزەلدىن خىتاينىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

خىتاي ھىندىستاننىڭ ئارۇناچال ئىشتاتى دەپ ئاتىلىدىغان تېررىتورىيەسىنى تىبەتنىڭ بىر قىسمى دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك ھىندىستاننىڭ بۇ رايوندىكى ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىگىمۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى.

خىتاي يەنە ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ ئارۇناچال ئىشتاتىنى زىيارەت قىلىشىغا قارشى تۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك ئۆتكەن بىر يىلدا مەزكۇر رايوندىكى جىددىيچىلىك كۈچەيگەنىدى. بۇلتۇر ئاۋغۇست ئېيىدا خىتاي يېڭى دۆلەت خەرىتىسىنى ئېلان قىلىپ، ئارۇناچال ئىشتاتىنى خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسەتكەندە، ھىندىستان خىتايغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەنىدى. بۇلتۇر 4-ئايدا خىتاي يەنە مەزكۇر ئىشتاتتىكى دەريا ۋە تاغ چوققىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 ئورۇننىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەنىدى.

# ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئىپتار ئۇچرىششى ئۆتكۈزۈلدى

23-مارت ئىستانبۇلنىڭ كۈچۈكچەكمەجە سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان ئوسمانلى مەركەز زالىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئىپتار ئۇچرىششى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر خەلقىدىن سىرت، سابىق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ، ئىستانبۇل كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بۆلۈمى مۇدىرى سەردار دال، ئادالەت ۋە تەرەققىيات





پارتىيەسىدىن دوكتور رەشىدە يۈكسەل خانىم، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى كۈچۈكچەكمەجە رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئۆزلەم ئېرۆل خانىم، ئىيى پارتىيەسى ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى نامزاتى بۇغرا كاۋۇنجۇ، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى زەيتىنبۇرنۇ رايونلۇق ئاياللار ئىچكى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ رەئىسى، زەيتىنبۇرنۇ مەجلىس ئەزاسى نامزاتى خۇرشىدە ئارتىش خانىم، ئىسلام دۇنياسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئەييۇب ئاقبال، كۈچۈكچەكمەجە رايونلۇق ھۆكۈمەت رەئىسى مۇستاپا ئانتەپلىئوغلى، زەيتىنبۇرنۇ رايونلۇق ھۆكۈمەت رەئىسى دوكتور ئادەمئوسلۇ قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى. ئۇندىن باشقا مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى، سائادەت پارتىيەسى، يېڭىدىن

**پائالىيەتكە بىر قىسىم دۆلەت ئەربابلىرى، پارتىيە ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.**



**ختاي شەرقىي تۈركىستاندا روزا تۇتۇش ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرنى چەكلىگەن.**

رەفاھ پارتىيەسى، ئۈلكە ئوجاقلىرى مەركىزى رەھبەرلىكى، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى سىياسىي پارتىيە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.

پائالىيەت ئابدۇجېلىل قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلانغاندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن ساھىبخانلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن رەھمىتىنى بىلدۈردى ۋە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستانبۇلدا يىغىلىپ ئىپتارلىشىۋاتقان مۇشۇ



ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روزا تۇتۇش قاتارلىق بارلىق ئىبادەتلىرىنى چەكلىگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا، باشقا دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىيى پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى نامزاتى بۇغرا كاۋۇنجۇمۇ سۆز قىلىپ، ئىيى پارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىگە چىقىشقا، تۈركىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەر ۋاقىت كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

پەيتتە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا روزا تۇتۇش ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرنى چەكلىگەنلىكىنى، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.



ئارقىدىن ئىسلام دۇنياسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئەييۇب ئاقبال ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇ: «زۇلۇم دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە داۋاملاشماقتا. تۈركىيە ئىسلام دۇنياسىنىڭ چوڭ قەلئەسى بولۇپ، تۈركىيەنى كۈچلەندۈرۈش تولىمۇ مۇھىم. خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇشنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇشىمىز كېرەك» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.

ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىدىن دوكتور رەشىدە يۈكسەل خانىم سۆز قىلىپ، غەززەدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستانغىچە داۋام قىلىۋاتقان زۇلۇمنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى ئاللاھتىن



تىلەيدىغانلىقىنى، ئۆز پارتىيەسىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن تۈركىيەنىڭ سابىق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ سۆز قىلدى.

ئۇ ئالدى بىلەن جامائەتنىڭ رامىزان ئېيىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان، ئاراكان، ئافغانىستان، پەلەستىن، ئىراق تۈركمەنلىرى قاتارلىق مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشنى راۋا كۆرگەنلەرگە قارشى مۇجادىلىنى ئاداققىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلارنىڭ، غەززەدە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ھېسابىنى تۈرك خەلقىنىڭ ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

پائالىيەت شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئاتاۋۇللاھ خەلپەتھاجىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

بۇندىن باشقا، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى

> **دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئېغىز تەگدى.**

بىلەن ئىستانبۇل مۇسۇلمانلار مەجلىسىنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىقى ئاستىدا، 15-مارت ئىستانبۇلدىكى تاكسىم جامەسىدە خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار ئىپتار يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن ئىپتار قىلدۇرۇلغاندى ۋە پائالىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغاندى.

# خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى دىققەت قوزغىماقتا

خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى خۇڭجۇڭ ئالدىنقى ھەپتە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى بىۋاسىتە تەكشۈرگەن.

خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى ئورگان تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋەرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى خۇڭجۇڭ 18-مارتتىن



20-مارتقىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىگە بارغان ۋە بۇ جەرياندا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» قاتارلىق تېررور سىياستى ئىبارىلىرىنى تەكىتلىگەن.



خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، لى خۇڭجۇڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قىزىلسۇ، قەشقەرگە بېرىپ، بىر قىسىم شىركەتلەرنى، تىجارەتچىلەرنى زىيارەت قىلغان. ئۇ يەنە يەنە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خىتاي تىل-يېزىقى مائارىپىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ئاتالمىش «دىنىي زاتلار» بىلەن كۆرۈشكەن.

لى خۇڭجۇڭ ئۈرۈمچىدە يىغىنىغا قاتنىشىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاساسىي

**زىيارىتىدە ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»نى تەكىتلىدى.**

شوئارلىرىدىن بولغان ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاقلىقىنى كۈچەيتىش»، «مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش» «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى كۈچەيتىشنى باش ئورۇنغا قويۇش» قاتارلىقلارنى تەكىتلىگەن.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى



**ختاي ئشغالىيەت تارىخنى پەردازلاش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتمەكتە.**

يىللاردىن بۇيان سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، تۈرلۈك ناملار ئاستىدا ختاي مەدەنىيىتىنى، تىل-يېزىقىنى مەجبۇرىي تاڭماقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، يوقىتىش پىلانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىجرا قىلماقتا.

ختاي رېجىمى خەلقئارانىڭ تەنقىدى ۋە بېسىملىرىغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستان





خەلقگە قاراتقان
ئىرقىي قىرغىنچىلىق
جىنايىتىنى توختاتماي
ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ،
يېقىنقى يىللاردىن
بېرى خەلقنى پۈتۈنلەي
ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش،
خىتايلاشتۇرۇش، شۇنداقلا
ئىشغالىيەت تارىخىنى
پەردازلاش ئۈچۈن
جىددىي ھەرىكەتكە
ئۆتمەكتە. خىتاي بۇ
پىلانىغا ئاساسەن،
شەرقىي تۈركىستاننىڭ،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى
بۇرمىلانغان تۈرلۈك
مۇزېيلارنى، تەتقىقات
ئورۇنلىرىنى كۆپلەپ
قۇرۇش بىلەن بىرگە،
ئاتالمىش «جۇڭخۇا
مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى
ئېڭىنى ئومۇملاشتۇرۇش»،
«شىنجاڭنى مەدەنىيەت
بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش»
دېگەندەك سەپسەتىلەرنى
پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا
كۈچەپ تەشۋىق قىلماقتا.



# خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر پاراخوت قىزىل دېڭىزدا ھۇجۇمغا ئۇچرىدى

ئامېرىكا مەركىزىي قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر ماي پاراخوتى قىزىل دېڭىزدىكى ھۇسىيلار ئاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھەربىي تەرەپ 23-مارت خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر ماي پاراخوتىنىڭ ھۇسىي قوراللىق قىسىملىرى قويۇپ بەرگەن باللىستىك





باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئامېرىكا مەركىزىي قوماندانلىق ئىشتابى ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسىدا بايانات ئېلان قىلىپ، ھۇسىي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ پاناما بايرىقى ئېسىلغان، ئەمما خىتاينىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە باشقۇرۇشىدىكى «خۇاڭپۇ» ناملىق پاراخوتقا تۆت تال باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتقانلىقىنى، شۇ جاي ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 04:25 ئەتراپىدا يەنە بەشىنچى بومبىنى ئاتقانلىقى ۋە پاراخوتقا تەگكۈزگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

ئامېرىكا مەركىزىي قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئېيتىشىچە، پاراخوت خەتەرگە ئۇچرىغانلىق

**“**

***خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى پاراخوتقا تۆت تال باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىلدى.***



**ئالدىنقى ھەپتە خىتاي بىلەن ھۇسىيلارنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغاندى.**

سىگنالى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ياردەم تەلەپ قىلمىغان. مەزكۇر پاراخوت يېنىك زەربىگە ئۇچرىغان بولۇپ، پاراخوتقا تۇتاشقان ئوت يېرىم سائەت ئىچىدە ئۆچۈرۈلگەن. ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالىمۇ كۆرۈلمىگەن بولۇپ، پاراخوت تېزلىكتە ئەسلىگە كەلگەن. باياناتتا يەنە ھۇسىيلارنىڭ ئىلگىرى خىتاي پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى، ئەمما يەنىلا خىتاينىڭ «خۇاڭپۇ» ناملىق پاراخوتىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان

ئامېرىكا ئارمىيەسى ئارقىدىن قىزىل دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ھۇسىيلارنىڭ ئالتە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانى بىلەن ئۇرۇشقان. ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاننىڭ بەشى قىزىل دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن، يەنە بىرى ھۇسىيلار كونتروللۇقىدىكى يەمەننىڭ ئىچكى قىسمىغا



قاراپ ئۇچۇپ كەتكەن. ئامېرىكا ھەربىي تەرەپ مەزكۇر ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلارنىڭ ئامېرىكا، بىرلەشمە ئارمىيە ۋە بۇ رايوندىكى سودا پاراخوتلىرىغا تەھدىت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ مەقسىتى رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ 25-مارتتىكى ئاخبارات يىغىنىدا، بىر مۇخبىر ئالدىنقى ھەپتە خىتاي بىلەن ھۇسىيلارنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ھۇسىيلارنىڭ خىتاي پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالغانلىقى، خىتاينىڭ بۇ قېتىملىق ۋەقەگە قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىغان. خىتاي خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى خىتاينىڭ پۇقرالار پاراخوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش قىلمىشىغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، خەلقئارا قانۇن بويىچە قىزىل دېڭىز رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

# پاكىستاندىكى بومبىلىق
# ھۇجۇمدا بەش خىتاي ئۆلدى



خىتاي ئىنژېنېر ۋە ئىشچىلار پاكىستاندا ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، ھۇجۇمدا بەش خىتاي ئۆلدى.

ئەلجەزىرەنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 26-مارت بىر ئۆزىنى قوشۇپ پارتلاتقۇچى ماشىنىسىنى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى

توسما قۇرۇلۇشىغا كېتىۋاتقان خىتاي ئىنژېنېرلارنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە سوققان بولۇپ، ماشىنىدىكى بەش خىتاي، بىر پاكىستانلىق شوپۇر

ئۆلگەن. بۇ، بىر ھەپتە ئىچىدە پاكىستاندىكى خىتاي مەبلەغ سالغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئالاقىدار ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇم بولۇپ قالغان.

ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدا پاكىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەلۇجىستان ئۆلكىسىگە جايلاشقان ھاۋا ئارمىيە بازىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك پورت شەھىرى نىشانغا ئېلىنغان بولۇپ، خىتاي مەزكۇر رايوندىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرىگە مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ سالغان.

رايونلۇق ساقچىلارنىڭ رويتېرس ئاگېنتلىقىغا ئاشكارىلىشىچە، ھۇجۇمغا ئۇچرىغان قۇرۇلۇش ئەترىتى خادىملىرى ئىسلامئابادتىن خەيبەر پاختۇنخۋا ۋىلايىتىدىكى داسۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توسما قۇرۇلۇش ئورنىغا قاراپ يولغا چىققان. ھۇجۇمدا بەش خىتاي ۋە ئۇلارنىڭ پاكىستانلىق شوپۇرى ئۆلگەن.

خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆلگەن بەش خىتاينىڭ تۆتى قۇرۇلۇش ئىشچىسى، بىرى ئىنژېنېر ئىكەن. ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ھۇجۇمى شاڭلا ناھىيەسىنىڭ تاغلىق رايوندىكى بىر تاغ يولىدا يۈز بەرگەن. مەلۇم بولۇشىچە، مىڭلىغان خىتاي يەرلىكتىكى خىتاي مەبلەغ سالغان تۈرلەردە ئىشلەيدىكەن.

داسۇ رايونىدا ئىلگىرىمۇ ھۇجۇم ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، 2021-يىلى خىتايلار ئولتۇرغان ئاپتوبۇس بومبا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، توققۇز خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 13 ئادەم ئۆلگەنىدى. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى پاكىستان بىخەتەرلىك قىسىملىرى بەلۇجىستان ئۆلكىسىنىڭ پورت شەھىرى گۋادار رايونىغا ھۇجۇم قىلغان يەتتە قوراللىقنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولۇپ، خىتاي بۇ رايوندا مۇھىم مەبلەغ تۈرلىرىنى يولغا قويغان.

خىتاي ئىنژېنېرلىرى پاكىستاندىكى بىر قانچە قۇرۇلۇش تۈردە ئىشلەۋاتقان بولۇپ، بۇ تۈرلەر خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى

> **بۇ خىتاي خادىملىرىنىڭ مەزكۇر رايوندا تۇنجى قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچرىشى ئەمەس.**

**داسۇ رايونىدا ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن ھۇجۇم ۋەقەلىرى يۈز بەرگەنىدى.**

ھەمكارلىق پىلانىغا ئاساسەن، خىتاي ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىگە 65 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 27-مارت بۇ ھەقتىكى سوئالغا جاۋاب بېرىپ، پاكىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىنى، پاكىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پاكىستاندىكى خىتايلارنىڭ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى



قوغدايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا پاكىستاندىكى خىتايلار ۋە شىركەتلەرنىڭ بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.







# ئۈرۈمچىدە ئورگان تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ 24 مىڭدىن ئاشقانلىقى دىققەت قوزغىدى



خىتاينىڭ نەچچە يىلدىن بېرى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەردە سولانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ھەرخىل ۋاستىلار بىلەن مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش، مەخسۇس تىجارەت لىنىيەسى قۇرۇپ چىقىش جىنايىتى خەلقئارادا كۈنتەرتىپتە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئورگان تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ 24 مىڭدىن ئاشقانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە خەۋەر تارقىتىشى دىققەت قوزغىماقتا.



ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 26-مارت ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «ھاياتلىق. مەدھىيە» ناملىق 2024-يىللىق جەسەت (كۆز مۈڭگۈز پەردىسى)، ئىچكى ئەزا تەقدىم قىلىشنى ئەسلەش، خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن.

**ئۈرۈمچىدە ئورگان «تەقدىم قىلغۇچىلار»نىڭ 24 مىڭدىن ئاشقانلىقى خەۋەر قىلىنغان.**

خەۋەردە ھازىرغا قەدەر ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2336 كىشىنىڭ پىدائىي بولۇپ جەسىتىنى تەقدىم قىلىشنى تىزىمغا ئالدۇرغانلىقى، 562 كىشىنىڭ جەسىتىنى تەقدىم قىلىشنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقى، كۆز مۈڭگۈز پەردىسى تەقدىم قىلىشقا تىزىملاتقانلارنىڭ 650 كىشى، رەسمىي تەقدىم قىلغانلارنىڭ 173 كىشى ئىكەنلىكى، ئىچكى ئەزاسىنى تەقدىم قىلىشقا تىزىملاتقانلارنىڭ 24 مىڭ

> **خىتاي تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئورگان ئەتكەسچىلىكى جىنايىتىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنماقتا.**

807 گە يەتكەنلىكى، 114 كىشىنىڭ ئاللىبۇرۇن تەقدىم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقان خىتاينىڭ يىللاردىن بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ھەرخىل ۋاستىلار بىلەن مەجبۇرىي ئېلىۋېلىپ، مەخسۇس تىجارەت لىنىيەسى قۇرۇپ چىققانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك خەۋەر ۋە دوكلاتلار ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە.

كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى 2020-يىلى قىسمەن دوختۇرخانىلارنىڭ چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ئوبيېكتى قىلغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ دوختۇرخانىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بىرى تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان





شەرقىي تۈركىستاندىكى «ھالال ئورگان» تىجارىتى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدىكى گۇماننى ئوتتۇرىغا قويغان.

خەلقئارالىق تاراتقۇلار خىتايدىكى ئادەم ئورگانلىرى تىجارىتىنىڭ ھېلىھەم داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىي ئېلىنىپ، مەخپىي سېتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەنگلىيە خەلق سوتى 2019-يىلى ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىپ، زور كۆلەملىك ئورگان سودىسى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىچكى ئەزا تەقدىم قىلغۇچىلار ھەققىدىكى مەخسۇس تەشۋىقاتىنىڭ گۇمان قوزغايدىغانلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىماي كەلگەنلىكىنى، خىتاينىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق مەخپىي داۋام قىلىۋاتقان ئىچكى ئەزا سودىسىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ۋە داۋاملىق كېڭەيتىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

ئىشغالىيەتچى خىتاي شەرقىي
تۈركىستاننىڭ غايەت زور تەبىئىي
بايلىقىنى ئىلغار تېخنىكىلار بىلەن
بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.





ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والإعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00